# ئې رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! مەن خەيبەردىن بىر زېمىننى ئېرىشتىم، مەن ئىلگىرى بۇنىڭدىن ئەتىۋارلىقراق بىر مالغا ئېرىشىپ باقمىغان ئىدىم. ئۇنى قانداق قىلىشىمنى بۇيرۇيلا؟، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئەگەر خالىساڭ ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋەخپە قىلغىن ۋە چىققان ھوسۇلنى سەدىقە قىلغىن، دېدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەردىن بىر زېمىنغا ئىگە بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ يەرنى قانداق تەسەررۇپ قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! مەن خەيبەردىن بىر زېمىنغا ئېرىشتىم، مەن ئىلگىرى بۇنىڭدىن ئەتىۋارلىقراق مالغا ئېرىشىپ باقمىغان ئىدىم. ئۇنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيلا؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر خالىساڭ ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋەخپە قىلغىن ۋە چىققان ھوسۇلنى سەدىقە قىلغىن، دېدى. ئۇ دەيدۇ: ئاشۇنداق سەدىقە قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى سېتىلمايتتى، ھەدىيە قىلىنمايتتى ۋە مىراسمۇ قالدۇرۇلمايتتى. ئۇ دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پېقىر - مىسكىنلەرگە، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، قۇل ئازات قىلىشقا، ئاللاھ يولىدىكى ئىشلارغا، پۇلىدىن ئاۋۇلۇپ قالغان مۇساپىرلارغا ۋە مېھمانلارغا سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقانلار ئۇنىڭدىن نورمال ھالدا ئۆزى يېسە، ياكى دوستىغا يېگۈزسە ئەمما ئۇنى ئۆزىنىڭ پۇلى قىلىۋالمىسلا بولاتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇنى خۇددى ئۆزىنىڭ كونا مېلىدەك قىلىۋالمىسلا بولاتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەردىن مىقدارى يۈز ئۈلۈشلۈك بىر زېمىنغا ئىگە بولدى، ئۇ يەرنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئېسىللىكىدىن ئۆمەرنىڭ ماللىرى ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىكى ئىدى. ساھابە كىراملار باقى دۇنياغا قالدىغان سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشتا مۇسابىقىلىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ: (ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر) دېگەن ئايىتىدە، سۆزلەنگەن ياخشىلىققا ئېرىشىشتىن تاما قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئۇ زېمىننى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا قانداق تەرىقىدە سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سەدىقىنىڭ ئەڭ ياخشى يوللىرىدىن بولغان، مالنىڭ ئەسلىنى ۋەخپە قىلىش يولىنى كۆرسەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى سېتىش، ھەدىيە قىلىش ۋە مىراس قالدۇرۇش قاتارلىق، ئۇ مالنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى يۆتكەيدىغان ياكى يۆتكەشكە سەۋەبچى بولىدىغان ھېچقانداق مۇئامىلە قىلىنمايتتى. بەلكى پېقىر - مىسكىنلەرگە، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، قۇل ئازات قىلىش، ياكى دىيەت ۋاجىپ بولغانلارنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ قۇتۇلدۇرۇپ قويۇش، ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىتلارغا ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش، ئۆز يۇرتىدىن باشقا جايدا قېلىپ، پۇلىدىن ئاۋۇلۇپ قالغان مۇساپىرلارغا ۋە مېھمانلارغا سەرپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ، چۈنكى مېھماننى ھۆرمەتلەش ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ۋەخپە دېگەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ۋە سۇغۇرۇشقا مۇھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئىدارە قىلىۋاتقانلار ئۇنىڭدىن نورمال ھالدا ئۆزى يېسە ئەمما ئۇنى ئۆزىنىڭ مېلى قىلىۋالمىسلا بولىدۇ. ۋەخپە ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈنلا تۈرغۈزۇلىدۇ، ئۇنى پايدا ئېلىش ياكى بايلىق يېغىش ئۈچۈن ئەمەس. ئاگاھلاندۇرۇش: ۋەخپە دېگەن؛ مۇسۇلمان كىشى تەرىپىدىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن ئۆز

ئىگىدارچىلىقىدىكى مالنى سەدىقە قىلىشتۇر. ئۇنىڭ پايدىسى ئاشۇ ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئەسلى مال جايىدا تۇرىدۇ. مەسىلەن: بىرەر تېرىلغۇ يەرنى پېقىرلارغا ۋەخپە قىلسا، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان مېۋە- چېۋە ۋە زىرائەتلەر پېقىرلارغا سەرپ قىلىنىدۇ، يەرنىڭ ئۆزىگە چېقىلمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6031